(بېشى 18 ـ بەتتە)

## 12 ـ قىسىم  يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

تېخىمۇ چوڭ دائىرىلىك، تېخىمۇ كەڭ ساھەلىك، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە چوڭ بازار ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق بەرپا قىلىشنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم راۋاجلىنىشىغا، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

### 40 ـ باب  تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش

سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، سودا ۋە سېلىنمىنىڭ ئەركىنلىشىشى، قولايلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تاۋار ۋە ئامىللارنى ھەرىكەتچان ئېچىۋېتىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قائىدە، تۈزۈم، باشقۇرۇش، ئۆلچەم قاتارلىقلارنى تۈزۈملۈك ئېچىۋېتىشنى پۇختا قەدەم بىلەن كېڭەيتىش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف  تۈزۈملۈك ئېچىۋېتىشنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش**

خەلقئارا ئورتاق قائىدە بىلەن جىپسىلاشقان تۈزۈم سىستېمىسى ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەندىزىسى بەرپا قىلىش كېرەك. چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا قارىتىلغان ئىجازەتتىن بۇرۇنقى پۇقراۋى مۇئامىلە بىلەن پاسسىپ تىزىملىك بىرلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تاشقى مەبلەغ ئىجازىتى پاسسىپ تىزىملىكىنى يەنىمۇ قىسقارتىپ، ئىجازەتتىن كېيىنكى پۇقراۋى مۇئامىلىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىچكى ـ تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ ئادىل رىقابىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. چېگرا ھالقىغان مۇلازىمەت سودىسىنى پاسسىپ تىزىملىك بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخنىكا سودىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. بانكا، ئاكسىيە، سۇغۇرتا، فوند، زاكاز مال قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ساھەلىرىنى ئېچىۋېتىشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىچكى ـ تاشقى كاپىتال بازىرىنىڭ تۇتىشىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چېگرا سىرتىدىكى لاياقەتلىك مەبلەغ سالغۇچىلار تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. خەلق پۇلىنىڭ خەلقئارالىشىشىنى پۇختا، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، بازار ئارقىلىق قوزغىتىش ۋە كارخانىلار ئۆز ئالدىغا تاللاشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق پۇلىنى ئەركىن ئىشلىتىش ئاساس قىلىنغان يېڭىچە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقى مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. چېگرادىن كىرىش ـ چىقىش، تاموژنا، تاشقى پېرېۋوت، باج قاتارلىق ھالقىلارنى باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف  ئېچىۋېتىش سۇپىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش**

تۈرلۈك ئېچىۋېتىش سۇپىسى قۇرۇلۇشلىرىنى بىرتۇتاش ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق ئېچىۋېتىلگەن، سودا مۇھىتى تېخىمۇ ئەۋزەل، تەسىر كۆرسىتىش رولى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان ئېچىۋېتىش يېڭى يۈكسەكلىكى بەرپا قىلىش كېرەك. ئەركىن سودا سىناق رايونلىرىنىڭ جايلىشىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ ئىسلاھاتتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىپ، ئىجادىي، توپلاشما، پەرقلىق ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىزدىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى پائال ئۈلگە قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، مال سودىسىدىن تاموژنا بېجى ئالماسلىق، مۇلازىمەت سودىسىغا كىرىش ئىجازىتى بىلەن تىجارەت ئىجازىتىنى تەڭ بېرىشنى يۆنىلىش قىلىپ، سودىنىڭ ئەركىنلىشىشى، قولايلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بازار ئىجازىتىنى زور دەرىجىدە قويۇۋېتىپ، تەستىقلاش ئىنتايىن ئاددىيلاشتۇرۇلغان مەبلەغ سېلىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، چېگرا ھالقىغان ئاكسىيەگە مەبلەغ سېلىش ـ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىسلاھاتى سىنىقى ۋە سانلىق مەلۇماتنى چېگرا ھالقىپ يوللاش بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش سىنىقىنى قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ ئوچۇق ئىختىساسلىقلار، چېگرادىن كىرىش ـ چىقىش، ترانسپورت سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، خەينەن ئەركىن سودا پورتى قانۇنىنى چىقىرىپ، جۇڭگوچە ئەركىن سودا پورتىنىڭ سىياسەت ۋە تۈزۈم سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش كېرەك. دۆلەت دەرىجىلىك يېڭى رايون ۋە تەرەققىيات رايونلىرىدا يېڭىلىق يارىتىپ ۋە ئۇنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونلارنى يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چېگرا بويىدىكى نۇقتىلىق ئېچىش ـ ئېچىۋېتىش سىناق رايونى، چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى، چېگرا ھالقىغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نىڭشيا، گۈيجۇ، جياڭشىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئوچۇق ئىقتىساد سىناق رايونى قۇرۇشىنى قوللاش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف  رايونلارنى ئېچىۋېتىشنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاش**

جايلارنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى مەۋقە قىلىپ ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئىلھام بېرىپ، رايونلار ئارا ئېچىۋېتىش ـ ھەمتۈرتكە بولۇشنى كۈچەيتىپ، قۇرۇقلۇق ـ دېڭىز، دۆلەت ئىچى ـ سىرتى ھەمتۈرتكە بولىدىغان، شەرق بىلەن غەرب قوش يۆنىلىشلىك ياردەم بېرىدىغان ئېچىۋېتىش ئەندىزىسى بەرپا قىلىش كېرەك. شەرقىي قىسىم دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە پەۋقۇلئاددە چوڭ، ئالاھىدە چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئېچىۋېتىشتىكى باشلامچىلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، ھەر تەرەپلىمە، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشكە باشلامچىلىق بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار ۋە شەرقىي شىمال رايونىنىڭ ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىن يۆتكەلگەن كەسىپلەرنى قوبۇل قىلىشنى قوللاپ، دۇنياۋى مۇھىم پىششىقلاش ـ ياساش بازىسى ۋە يېڭى ئېشىش قۇتۇپى يېتىشتۈرۈپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقتا دۆلەت 1 ـ دەرىجىلىك پورتلىرىنى كۆپەيتىپ قۇرۇشنى تەتقىق قىلىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىنىڭ ئېچىۋېتىش ئالدىنقى سېپىگە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. چېگرا بويى رايونلىرىنى ئېچىش ـ ئېچىۋېتىشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چېگرا سودىسىنىڭ ئىجادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، نۇقتىلىق پورت ۋە چېگرا شەھەرلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىنى تۇتاشتۇرۇش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش لازىم. گۇاڭشىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا يۈزلەنگەن ئېچىۋېتىش ھەمكارلىقى يۈكسەكلىكى بەرپا قىلىشىنى، يۈننەننىڭ جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ھىندى ئوكيان رايونىغا ئېچىۋېتىشتىكى تەسىر كۆرسىتىش مەركىزى بەرپا قىلىشىنى قوللاش كېرەك.

**4 ـ پاراگراف  ئېچىۋېتىش بىخەتەرلىك كاپالىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش**

تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشكە ئۇيغۇنلاشقان نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. كەسىپ زىيىنىدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، سودىنى تەڭشەش، ياردەم بېرىش، قۇتقۇزۇش قاتارلىق سىياسەت قوراللىرىنى بېيىتىپ، ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشىگە ياخشى تاقابىل تۇرۇش لازىم. چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا قارىتا، دۆلەت خەۋپسىزلىكى بويىچە تەكشۈرۈش، مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش بويىچە تەكشۈرۈش، دۆلەت تېخنىكا خەۋپسىزلىكى تىزىملىكى بويىچە باشقۇرۇش، ئىشەنچسىز ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكى تۈزۈش قاتارلىق تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مۇھىم بايلىق ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ دۇنياۋى تەمىنات زەنجىرى خەۋپ ـ خەتىرىدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، خەلقئارا تەمىنات زەنجىرى كاپالىتى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمنى كۆزىتىشنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمنىڭ ئاساسەن تەڭپۇڭلۇقى ۋە تاشقى پېرېۋوت زاپىسىنىڭ ئاساسەن مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. تاشقى مۈلۈك قەرزنى كۆزىتىشنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي تاشقى قەرزنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. چېگرا سىرتىغا مەبلەغ سېلىشنى تۈر ۋە دەرىجە بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. چەت ئەلدىكى مەنپەئەتنى قوغداش ۋە خەۋپ ـ خەتەردىن سىگنال بېرىش ـ ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھە كاپالىتى ئىقتىدارىنى ياخشىلاپ ۋە ئۆستۈرۈپ، كونسۇل قوغداش خىزمىتىنىڭ تۈزۈلمە ـ مېخانىزملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چەت ئەلدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى ۋە ئاپپاراتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ھەققانىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك.

### 41 ـ باب  «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش

ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق بەرپا قىلىش، ئورتاق بەھرىمەن بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، يېشىل، ئوچۇق، پاك بولۇش ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىخەتەرلىك كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**1 ـ پاراگراف  تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە سىياسەتلىرىنىڭ جىپسىلىشىشىنى كۈچەيتىش**

ئىستراتېگىيە، يىرىك پىلان، مېخانىزملارنى جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىياسەت، قائىدە، ئۆلچەملەرنى تۇتاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. جىپسىلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى يېڭىلاپ، ئىمزالانغان ھۆججەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەر بىلەن مەبلەغ سېلىشنى قوغداش كېلىشىمى، تەكرار باج ئېلىشتىن ساقلىنىش كېلىشىمى قاتارلىقلارنى ئىمزالاشقا تۈرتكە بولۇپ، تاموژنا، باج، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. قائىدىنى تۇتاشتۇرۇش ساھەسىنى كېڭەيتىپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، سودا، ئېنېرگىيە، رەقەملىك ئۇچۇر، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ساھەلەردىكى قائىدىلەرنى تۇتاشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق بەرپا قىلىش تەشەببۇسىنى رايون ۋە خەلقئارا تەرەققىيات قارارلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف  ئۇل ئەسلىھەنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش**

قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا، توردىن ئىبارەت تۆت بىر گەۋدىلەشكەن ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، «ئالتە كارىدور، ئالتە يول، كۆپ دۆلەت، كۆپ پورت»نى ئاساسىي رامكا قىلىپ، يېڭى ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى قاتارلىق ئىقتىساد كارىدورلىرى يېتەكچى، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى، قۇرۇقلۇق ـ دېڭىز يېڭى ئۆتەڭگى قاتارلىق ئۆتەڭلەر ۋە تېز سۈرئەتلىك ئۇچۇر يولى رامكا، تۆمۈريول، پورت، تۇرۇبا تورى قاتارلىقلار تايانچ قىلىنغان ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش تورى شەكىللەندۈرۈپ، خەلقئارا قۇرۇقلۇق ـ دېڭىز سودىسى يېڭى ئۆتەڭگى بەرپا قىلىش كېرەك. ھالقىلىق ئۆتەڭ ۋە ھالقىلىق شەھەرلەرنى نىشانلاپ، مۇھىم ھەمكارلىق تۈرى قۇرۇلۇشلىرىنى تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرالايدىغان، باھاسى مۇۋاپىق، سىغدۇرۇشچان بولۇش نىشانىنى تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يۈرۈش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا قۇرۇقلۇق ترانسپورتى سودا قائىدىسى تۈزۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. «يىپەك يولى دېڭىز ترانسپورتى» ماركىسىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش لازىم. فۇجيەن، شىنجاڭنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول» بوشلۇق ئۇچۇر كارىدورى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. «بوشلۇق يىپەك يولى» بەرپا قىلىش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف  ئىقتىساد ـ سودا سېلىنمىسى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش**

«بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق بەرپا قىلىدىغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا ـ سېلىنما ھەمكارلىقىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، يىپەك يولى ئېلېكترونلۇق سودىسىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. خەلقئارا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، 3 ـ تەرەپ بازار ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرى ھەمكارلىق سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، قوش يۆنىلىشلىك سودا ۋە سېلىنمىنى كېڭەيتىش كېرەك. كارخانىنى سۇبيېكت، بازارنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا قائىدىگە ۋە قەرزنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، كۆپ مەنبەلىك مەبلەغ سېلىش ـ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ھەمكارلىقى رامكىسىدا يېڭىلىق يارىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق بەرپا قىلىش مەخسۇس قەرزى، يىپەك يولى فوندى قاتارلىقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول» پۇل مۇئامىلە ھەمكارلىق تورىنى بەرپا قىلىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە ئۇل ئەسلىھەلىرىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپ تەرەپ ۋە ھەرقايسى دۆلەت پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش ـ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشكە ئورتاق قاتنىشىشىنى قوللاش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول» خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە بىخەتەرلىك كاپالىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن مۇلازىمىتى ۋە كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك.

**4 ـ پاراگراف  مەدەنىيلىكلەر ئۆزئارا ئۆگىنىش ـ ئۆرنەك ئېلىش كۆۋرۈكى بەرپا قىلىش**

ئاممىۋى سەھىيە، رەقەملىك ئىقتىساد، يېشىل تەرەققىيات، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئادەمىيەت ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارلامېنت، پارتىيە، خەلق تەشكىلاتلىرى ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئاياللار، ياشلار، مېيىپلەر ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، كۆپ مەنبە ھەمتۈرتكە قىلىنغان ئادەمىيەت ئالاقىسى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق بەرپا قىلىش پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رەقەملىك يىپەك يولى، ئىجادىيەت يىپەك يولى بەرپا قىلىش كېرەك. كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، دېڭىز ـ ئوكيان ھەمكارلىقى، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش، چۆللىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش جەھەتلەردىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يېشىل يىپەك يولى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق بەرپا قىلىدىغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھەمكارلىقىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ساغلاملىق يىپەك يولى بەرپا قىلىش كېرەك.

### 42 ـ باب  دۇنياۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىش

تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مۇستەقىل ـ ئۆزىگە ئىگە بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، دۇنياۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف  كۆپ تەرەپلىك ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش مېخانىزمىنى قوغداش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش**

كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئىسلاھاتىغا پائال قاتنىشىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەزالىق ئورنىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. 20 دۆلەت گۇرۇھى قاتارلىقلارنىڭ خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، كىبەك ئالتۇن دۆلەتلىرى قاتارلىق مېخانىزملارنىڭ ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش ھەمكارلىقىغا ئىجابىي قاتنىشىپ، تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو تەشەببۇسى، جۇڭگو لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. ئاساسلىق كۆپ تەرەپلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىدارە قىلىش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى ۋە يېڭى تەرەققىيات بانكىسىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، خەلقئارا پۇل مۇئامىلىنى ئىدارە قىلىشقا قاتنىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خەلقئارا ماكرو ئىگىلىك سىياسىتىنىڭ ئالاقىسى ۋە ماسلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىق سۇپىسى بەرپا قىلىپ، دۇنياۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ مۇقىم ۋە راۋانلىقىنى، دۇنيا پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغداپ، دۇنياۋى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى بىرلىكتە ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. گۈللىنىۋاتقان ساھەلەر ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش قائىدىسى تۈزۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف  يۇقىرى ئۆلچەملىك ئەركىن سودا رايونلىرى تورى بەرپا قىلىش**

ئەركىن سودا رايونلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، دۇنياغا يۈزلەنگەن يۇقىرى ئۆلچەملىك ئەركىن سودا رايونلىرى تورى بەرپا قىلىش كېرەك. ئەركىن سودا رايونلىرىنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاپ، رايونلۇق ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋەتتى كېلىشىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ـ ياپونىيە ـ كورېيە ئەركىن سودا كېلىشىمى سۆھبىتى مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئەركىن سودا رايونى قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئەركىن سودا رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ۋە ئىلگىرىلىگەن تىنچ ئوكيان ھالقىغان ھەمراھلىق مۇناسىۋەتتى كېلىشىمىگە قاتنىشىشنى پائال ئويلىشىپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئەركىن سودا كېلىشىمى ۋە رايون سودا كېلىشىمى ئىمزالاشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف  ياخشى تاشقى مۇھىتنى پائال يارىتىش**

دۇنياۋى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ماسلىشىشى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. كۆپ تەرەپچىلىك ۋە ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق بەرپا قىلىش، ئورتاق بەھرىمەن بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان خەلقئارا سىستېما ۋە خەلقئارا قانۇن ئاساس قىلىنغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغداپ، دۇنياۋى خىرىسقا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش لازىم. ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىپ، ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تاشقى ياردەم تۈزۈلمە ـ مېخانىزملىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تاشقى ياردەم ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ياخشىلاپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە، بولۇپمۇ ئەڭ تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتلەرگە چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىپ، داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، يېشىل تەرەققىيات، نامراتلارنى ئازايتىش، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش، جىددىي ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق ساھەلەردىكى تاشقى ھەمكارلىق ۋە ياردەمنى كۈچەيتىش لازىم. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 ـ يىلىغىچە بولغان ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

## 13 ـ قىسىم  پۇقرالارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

پۇقرالارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى گەۋدىلىك مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسى ۋە ئومۇميۈزلۈك، تولۇق دەۋرىيلىك ساغلاملىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، نوپۇس سۈپىتى پايدىسىنى كۆپەيتىپ، ئادەم كۈچى كاپىتالى سەۋىيەسى ۋە ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

### 43 ـ باب  يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش

پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى، ئەمەلىيەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف  ئاساسىي ئاممىۋى مائارىپنىڭ باراۋەرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش**

مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسەن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، مەكتەپ باشقۇرۇش ئۆلچىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ سۈپەتلىك، تەڭپۇڭ تەرەققىياتى ۋە شەھەر ـ يېزىلار ئارا بىر گەۋدىلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. شەھەر ـ بازارلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ سىغىمىنى ئاشۇرۇپ ئوقۇغۇچى ئورنىنى كۆپەيتىشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىك يۆتكەلمە ئاھالىسىنىڭ بىللە كۆچۈپ كەلگەن پەرزەنتلىرىنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مائارىپ مۇلازىمىتىدىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېزا ـ كەنتلەردىكى كىچىك مەكتەپلەر ۋە يېزا ـ بازارلاردىكى ياتاقلىق مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاپ، يېزا ـ كەنت ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ـ كەنت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ساپاسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆيدە قالغان باللارغا غەمخورلۇق قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىدا ئوقۇشتىن قېلىشنى تىزگىنلەپ، ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش لازىم. تولۇق ئوتتۇرا مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش سەۋىيەسىنى مۇستەھكەملەپ ۋە ئۆستۈرۈپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ كۆپ خىللىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا ئىلھام بېرىپ، تولۇق ئوتتۇرا مائارىپنىڭ ئوقۇشقا كىرىش ئومۇمىي نىسبىتىنى %92تىن ئاشۇرۇش كېرەك. مەكتەپ سىرتىدىكى تەربىيەلەشنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. ئومۇمىي مەنپەئەتدار يەسلى مائارىپى ۋە ئالاھىدە مائارىپ، مەخسۇس مائارىپ كاپالىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەسلى مائارىپىدا يەسلىگە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتىنى %90تىن ئاشۇرۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف  كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتىش**

كەسپىي تېخنىكا (تېخنىك ئىشچىلار) مائارىپىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، قۇرۇلمىسى ۋە جايلىشىشىنى ياخشىلاپ، تېخنىكا، ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش كېرەك. كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ دۆلەت ئۆلچىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى + كەسپىي ماھارەت دەرىجە گۇۋاھنامىسى» تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈش ۋە مەكتەپ بىلەن كارخانا ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى يولغا قويۇشىغا ئىلھام بېرىپ، جۇڭگوچە شاگىرت تۈزۈمى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. زامانىۋى كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش پىلانىنى يولغا قويۇپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيەلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرى ۋە كەسىپلەرنى تەسىس قىلىپ، كەسپىي تولۇق كۇرس مائارىپىنى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. كەسپىي مائارىپ بىلەن ئادەتتىكى مائارىپنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى بىلەن ئادەتتىكى مائارىپتا قوش يۆنىلىشلىك ئېتىراپ قىلىش ۋە تىك يۆنىلىشلىك يۆتكىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف  ئالىي مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش**

ئالىي مائارىپنى تۈر بويىچە باشقۇرۇش ۋە ئالىي مەكتەپلەر ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ مەنبەلىك ئالىي مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئالىي مائارىپ بويىچە مەكتەپكە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتىنى %60كە يەتكۈزۈش كېرەك. ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى پەنلەرنى تۈر بويىچە قۇرۇپ ۋە تەسىس قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك تەتقىقاتچىل ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش لازىم. يۇقىرى سۈپەتلىك تولۇق كۇرس مائارىپى بەرپا قىلىپ، بىر قىسىم ئادەتتىكى تولۇق كۇرس ئالىي مەكتەپلىرىنى ئەمەلىيەتچىل ئالىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پەن ۋە كەسىپلەرنى ھەرىكەتچان تەڭشەش مېخانىزمى ۋە ئۆزگىچە تەرەققىياتقا يېتەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن تەسىس قىلىش قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي پەن يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئەندىزىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى، يېزا ئىگىلىك پەنلىرى، تېببىي پەن تۈرىدىكى كەمچىل كەسپىي ئىختىساسلىقلارنى تېز يېتىشتۈرۈش كېرەك. ئاسپىرانت تەربىيەلەشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاسپىرانتلار مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، كەسپىي ئۇنۋان ئالغان ئاسپىرانتلارنى پۇختا قەدەم بىلەن كۆپەيتىش لازىم. ئالىي مائارىپ بايلىقىنىڭ رايونلارغا جايلىشىشىنى ياخشىلاپ، ئوتتۇرا ـ غەربىي رايونلارنىڭ ئالىي مائارىپىنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(ئاخىرى 20 ـ بەتتە)